# نۇسرەتكە ئېرىشىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش

# بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ ئەلى ئىبنى ئابدۇراھمان ھۇزەيپى

تەرجىمە قىلغۇچى:  سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2010 - 1431

islamhouse.com

# ﴿إن تنصروا الله ينصركم ويثبت أقدامكم﴾

«باللغة الأويغورية»


فضيلة الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: ن. تمكيني



حقوق الطبع والنشر لكل مسلم



2010 - 1431

islamhouse.com

# نۇسرەتكە ئېرىشىش ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك

2010-يىلى 06- ئاينىڭ 04- كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

مەدىنە مۇنەۋۋەرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئاللاھنى ماختاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللىغاندىن كېيىن، جۈمە نامىزى ئۈچۈن توپلاشقان يۈز مىڭلىغان جامائەتكە " ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ياخشىلىققا ئېرىشىش تائەت-ئىبادەت ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ" دېگەن ماۋزۇدا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىكى ياخشىلىققا ئېرىشىش پەقەت تائەت بىلەن، يامانلىقنىڭ يۈز بېرىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بولىدۇ . ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار. بۇ پەزل ئاللاھ تەرىپىدىندۇر، ئاللاھ (پەزل- ئېھسانغا تېگىشلىك بولغانلارنى) بىلىشتە يېتەرلىكتۇر.» [سۇرە نىسا 69-70- ئايەتلەر].

دۇنيا-ئاخىرەتتىكى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە يامانلىق گۇناھ-مەسىيەت ۋە ئاسىيلىقنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ مۇكاپىتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.» [سۇرە زەلزەلە7-8-ئايەتلەر].

ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى بەندىلىرىم! ئەمەللىرىڭلارنى سىلەر ئۈچۈن ساقلايمەن ۋە ھېسابىنى قىلىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ نەتىجىسىنى سىلەرگە تولۇق قايتۇرۇپ بېرىمەن. كىمكى ياخشىلىققا ئېرىشسە ئاللاھقا شۈكرى قىلسۇن، كىمكى ئۇنىڭدىن باشقىغا ئېرىشىپ قالسا پەقەت ئۆزىدىن كۆرسۇن». [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى سالىھ ئەمەل ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا قاتتىق رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: « پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل- مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.» [سۈرە ئال-ئىمران 133-134- ئايەتلەر].

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئاسىيلىق قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دەۋزەخكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ دەۋزەختە مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ.» [سۈرە نىسا 14-ئايەت].

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ روسۇلى بەندىلەرگە دۇنيا-ئاخىرەتتە گۇناھ-مەسىيەتنىڭ جازاسىنى بېكىتىپ، ئۇلارنى بۇنىڭدىن يىراق بولۇش، سەل قارىماسلىق، دەرھال جازالىمىغانلىقتىن مەغرۇرلانماسلىققا تەۋسىيە قىلدى. ھەقىقەتەن گۇناھلار ئۇنتۇلمايدۇ. ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى ئاللاھ دائىم ھاياتتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ھەقىقى ۋەقەلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا گۇناھى سەۋەبىدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قانداق چۈشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىگە ئازاب بولىدىغان زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلغانلىقىنى، توپلىغان مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقىلىرىنىڭ ئۇلارغا مەنپەئەت بەرمىگەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى، بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش كېرەك.

ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى پرىنسىپى ئىنسانىيەتكە ئورتاقتۇر. مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەرەب جامائەسى! ئۇلار يەنى مەن ھالاك قىلغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن سىلەرنىڭ كۇففارلىرىڭلار ئارتۇقمۇ؟ ياكى سىلەرگە ساماۋى كىتابلاردا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) كەچۈرۈم قىلىنىش بارمۇ؟.» [سۈرە قەمەر 43-ئايەت].

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئاللاھقا بولغان ئاسىيلىق كۆپىيىپ كەتتى. دىنسىز كافىرلار ئوچۇق ئاشكارا ئەيمەنمەستىن ئاللاھنى، ئۇنىڭ رەسۇلىنى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى ھاقارەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئىنسانلار پەرۋەردىگارىغا گەدەنكەشلىك قىلدى. ئاللاھ ئىلگىركى ئۈممەتلەرنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولغان گۇناھلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن پەقەت ئازغىنە مۇسۇلمانلارلا سالامەت قالدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئىبلىس ئۇلارنى (ئازدۇرۇشتىن ئىبارەت) گۇمانىنى ھەقىقەتەن ئىشقا ئاشۇردى. چۈنكى بىر تۈركۈم مۆمىنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىبلىسقا ئەگەشتى. ئىبلىسنىڭ ئۇلار (يەنى ئەگەشكۈچىلەر) ئۈستىدىن (ۋەسۋەسە قىلىش بىلەن) ھۆكۈمرانلىق قىلىشى پەقەت بىزنىڭ ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقۇچىلار بىلەن ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرگۈچىلەرنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈندۇر، پەرۋەردىگارىڭ ھەممە نەرسىنى كۈزەتكۈچىدۇر.» [سۈرە سەبەئ 20ـ21ـ ئايەتلەر].

ئاللاھقا ئېشىنىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان كىشىلەرنى يامان ئەمەللەرنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ھەقىقەتەن ئازابىنىڭ سەۋەبلىرى تولۇقلاندى. ئىنسانلارغا بالا-مۇسىبەت چۈشۈۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى توختىتىپ ئاللاھنىڭ ئازابىنى دەپئى قىلىشى كېرەك. بۇزۇقچىلىقنى توختىتىش ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، مۇسۇلماندەك ياشاش ئىستىكى يېيىلدۇرۇش، ئىش-ھەرىكەت ۋە ئادەتلەردە كاپىرلارغا ئەگىشىشنى تەرك قىلىش، بارلىق ئىشلاردا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش بىلەن روياپقا چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى (يەنى خارابلىققا يۈزلىنەتتى)، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 251ـئايەت].

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەسىيەت دېگەن شۇملۇق، نومۇسسىزلىق، يامانلىق، خارلىق ۋە زاۋالەتتۇر. ئۇ ئۆز ساھىبىنى نېمەتتىن مەھرۇم قىلىدۇ، تىنچلىقتىن قورقۇنچقا، باياشات تۇرمۇشتىن ئاچارچىلىققا، ئىپپەت پەزىلىتىدىن يالىڭاچلىققا، بايلىقتىن كەمبەغەللىككە، ئىپپەت-ھايادىن پىسق-پۇجۇرغا، ئەقىل-پاراسەتتىن دۆتلۈككە، ئىتتىپاقلىقتىن بۆلۈنۈشكە، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئېزىپ كېتىش ۋە بۇزۇقچىلىققا، دوستلۇق-مېھرىبانلىقتىن ئۆچ كۆرۈشكە، مولچىلىقتىن قەھەتچىلىكتە، ھاياتلىق دۇنيادا قۇلچىلىق ۋە ئاسارەتكە، ئاخىرەتتە دەھشەتلىك دوزاخقا، تائەت بىلەن خۇرسەن بولۇشتىن ئاسىيلىق بىلەن غەم-قايغۇغا، تەبىئىي ھاياتتىن قىيىنچىلىققا ئېلىپ بارىدىغان نېگىزلىك ئامىلدۇر.

ئىنسان گۇناھ-مەسىيەتتىن يىراق بولالمايدۇ، لېكىن ھەر بىر كىشى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىشى كېرەك. ھەدىستە: « سىلەرنىڭ ھەممىڭلار خاتالىق سادىر قىلغۇچى . گۇناھ ئىشلىگۇچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېيىلگەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

مۇسۇلمانلار ئاللاھقا ھەقىقى تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نۇسرىتىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تەۋبە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە پەرۋەردىگارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، بەرىكەت ھاسىل قىلىدىغان ئاساسلىق قورالدۇر. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىش ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىلىك ئۆتۈشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقىقى تەۋبىگە مۇيەسسەر قىلىپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختكە ئېرىشتۈرۈپ، جەمئىيەتتە دىنى ۋە مىللى مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلغىلى مۇۋەپپەق قىلسۇن. ئامىن...